# كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش

# شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي كاپالىتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەمەلىي تەدبىرىمىزگە قارىسىغا باھا بېرىدىغان غەرب سىياسەتۋازلىرىنى شۇنداق قاتتىق، كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى، پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن قۇتۇلۇڭلار، ئاغزىڭلارغا كەلگەنچە بىلجىرلاپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، تەرەققىياتىنى قوغدايدىغان، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان دۆلەتلەرگە ئەمدى قارا چاپلىماڭلار، مالىمانچىلىق تۇغدۇرماڭلار؛ يەنە سىلەرگە شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، تېررورىزم، ئەسەبىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى، ھەرگىزمۇ يارا ساقايغاندىن كېيىن ئاغرىقنى ئۇنتۇپ قالساڭلار بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭدا ياشاۋاتقىنىمغا 67 يىل بولغان ئۇيغۇر كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شۇنداق دەيمەنكى: ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە قۇسۇر تېپىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىدىن قۇسۇر تېپىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىق، دۇنيا خەلقىنىڭ ئەقىل بۆلۈنمىسىگە خىرس قىلغانلىق بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. بىزنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش ئىرادىمىز قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىمىز ئۆيۈل تاشتەك چىڭ، ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

مەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا قاتناشتىم، ئۇنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈردۈم، ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولدۇم، مەن يەنە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىدىن نەپكە ئېرىشكۈچى. بۇ يىل مەن شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان 200گە يېقىن تەربىيەلەنگۈچى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇلار تېتىك ۋە روھلۇق بولۇپ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇلار ئىپادىلىگەن مىننەتدارلىق ھېسسىياتى ۋە كەلگۈسىگە بولغان گۈزەل ئارزۇسى ماڭا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلدى. پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئورتاق تىلىدا تەلىم - تەربىيەگە قاتنىشىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بېرەلىدى، ئەڭ كۆپ تىلغا ئالغىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆگىنىش سۈپىسى ھازىرلاپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقنى تۈزىتىپ يېڭىدىن ئادەم بولۇشىغا ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىش بولدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلىگەندە، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش مۇھىتى ئىنتايىن ياخشى، كىتاب ئوقۇش ئۆيى، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش ئۆيى ۋە مەدەنىيەت سەھنىسى بار، قىشتا پار، يازدا ھاۋا تەڭشىگۈچ ياكى شامالدۇرغۇچ بار، ھەر كۈنى يەنە ئۈچ ۋاق مول تاماق بار، دېدى. ئۆگىنىش جەريانىدا، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى، تەربىيەلەنگۈچىلەر قەرەللىك ئۆيىگە قايتالايدۇ، ئىشى بولسا رۇخسەت سورىسا بولىدۇ، خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكى بار؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى ئىشلىتىش ھوقۇق - مەنپەئىتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىندى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، خەۋەرلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى، ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقلارنى شۇ جايدىكى كادىرلار ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلدى.

ھازىر تەربىيەلەش مەركىزىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەلىنىشنى تاماملىدى، ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇلاردا ئائىلە قارىشى تىكلەندى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى كۈچەيدى، كۆرەش نىشانى ئايدىڭلاشتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار، كەڭ كارخانىلارمۇ ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ، تەدبىر قوللىنىپ، تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنى تۈرلۈك ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. تەربىيەلەنگۈچىلەر زاۋۇتتا ئىشلەش، ئاشخانا ئېچىش، كوپېراتىپ قۇرۇش، دۇكان ئېچىش، تاكسى ھەيدەش، باقمىچىلىق قىلىش، قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يېڭىچە تۇرمۇشنى باشلىدى؛ نۇرغۇن تەربىيەلەنگۈچى يەنە كەنت كوللېكتىپى، ئەدلىيە ئورنى، يەسلى، خەلققە قولاي ساقچى پونكىتىدا خىزمەت قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇپ، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا كېرەكلىك ئادەم بولۇشقا ئىرادە باغلىدى. مەن زىيارەت قىلغان 20 نەچچە كارخانىنىڭ مەسئۇلى ئومۇميۈزلۈك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگەنلەر دۆلەت ئورتاق تىلىنى بىلىدۇ، قانۇننى چۈشىنىدۇ، قانۇنغا رىئايە قىلىدۇ، تېخنىكا سەۋىيەسى يۇقىرى، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، بەزىلىرى يەنە مۇئەييەن باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئىسمىنا، گۇرۇپپا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن تۆھپە قوشتى.

ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ئەمەلىي تەدبىر، ياخشى تەدبىر، قانۇن بويىچە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت، بۇ ئۇسۇل ھەم دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش پرىنسىپى ۋە ئىدىيەسىنى نامايان قىلدى، تامامەن توغرا، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

بىرىنچى، دىنىي ئەسەبىزم ئىدىيەسى ئۈنۈملۈك يوقىتىلدى. تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن ئۇچرىشىش داۋامىدا، مېنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ھېس قىلغىنىم تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپتۇ، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپتۇ، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىق سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپتۇ، تەربىيەلەنگۈچىلەر نېمىنى قىلسا بولىدىغانلىقى، نېمىنى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت بىلەن دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپتۇ، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ جىنايى ماھىيىتى ۋە رەزىل غەرىزىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپتۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ چۈشىنىپتۇ.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىش كۈچەيتىلدى. شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ خىل مەدەنىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون، مەدەنىيەت مىراسلىرى مول، مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتىگە ئۇزاقتىن بۇيان ھۆرمەت قىلىندى ۋە ۋارىسلىق قىلىندى. ئەمما دىنىي ئەسەبىزم بارلىق زامانغا لايىق مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلىپ ۋە چەتكە قېقىپ، تېلېۋىزور كۆرۈشكە، رادىيو ئاڭلاشقا، گېزىت - ژۇرنال ئوقۇشقا بولمايدۇ، دېگەننى تەرغىب قىلدى، ئۆلۈم - يېتىمدە يىغلىماسلىق، توي - تۆكۈندە كۈلمەسلىككە مەجبۇرلاپ، كىشىلەرنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى چەكلىدى، ئاياللارنى نىقابلىق كىيىم كىيىشكە مەجبۇرلىدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەسىس قىلىنغان جۇڭخۇا مەدەنىيىتى، چالغۇ چېلىش، رەسىم سىزىش، ھۆسنخەت يېزىش، قول ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساش قاتارلىق مول، رەڭدار مەدەنىيەت ئوقۇتۇشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. قەشقەر شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سەنئەت تۈرىدىكى ئەمەلىي مەشىق سىنىپى ئېچىپ، جۇڭخۇا مىللىتى مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆز كەچۈرمىشى، «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» تەربىيەسىنى مەنزىرە تىياتىرى، ئېيتىش، خور، ئۇسسۇل، تىياتىر، كوللېكتىپ مۇزىكا ئورۇنلاش، «كۆيشەن» قاتارلىق نومۇر ئورۇنلاش شەكلىدە نامايان قىلدى. بىر قىسىم تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىن تۈرلۈك ئويۇن قويۇش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، قەشقەرنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا ئويۇن قويۇۋاتماقتا. بىر قىسىم كۆلىمى چوڭراق ئويۇن قويۇش ئەترەتلىرى يەنە تۈرلۈك ھەقلىق سودا ئويۇنى قويۇشنى قوبۇل قىلىپ ھەم ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئويۇنلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، كىشىلەرنى ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان سەھنە ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

ئۈچىنچى، قانۇننىڭ پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى، مەجبۇرىيىتىنى قوغداش رولى جارى قىلدۇرۇلدى. دۆلىتىمىز «ئاساسىي قانۇن»دا: پۇقرالار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە، ھەرقانداق دۆلەت ئورگىنى، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلىشىغا بولمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلىگەن. دىنىي ئەسەبىزم ئىسلام دىنى بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دىنىي ئەقىدىلەرگە پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلىپ، ئاممىنىڭ سادىدا مىللىي دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي تەلۋىلىككە قوترىتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ھاقارەتلىدى، چەتكە قاقتى، يېتىم قالدۇردى. بەزى ئاما بېسىم ۋە تەھدىتتىن قورقۇپ، يەنە نادانلىقى، قانۇننى چۈشەنمىگەنلىكى، چىرىتىشكە ئۇچرىغانلىقى، زەھەرلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن ۋاز كەچتى، ئائىلىسىدىن ۋاز كەچتى، بەختلىك تۇرمۇشىدىن ۋاز كەچتى، بەزىلىرى ھەتتا جىنايەت يولىغا ماڭدى. تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا، مەن شۇنى بايقىدىمكى، ئۇلار قانۇننىڭ جىنايەتنى جازالاپلا قالماي، يەنە ئۆزلىرىنى دەخلى - تەرۇزغا، مەجبۇرلاشقا ئۇچراشتىن قوغدايدىغانلىقىنى، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇننىڭ قوغدايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ؛ ئۇلار دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئىشلەش، پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەش، ئائىلە تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا، دىنىي پائالىيەتلەرگە ئىختىيارىي، ئەركىن، قانۇن بويىچە قاتنىشىپتۇ.

ھەر يىلى مەن ناھايىتى نۇرغۇن مىللىي رايونلارغا بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ماختىدى، مۇئەييەنلەشتۈردى، ھەممىسى بۇنى ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى ئەمەلىي تەدبىر، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرىدىغان، يەنە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، كۆيۈنۈشىنى نامايان قىلىدىغان، تۈپتىن باشقۇرۇش، ئۇزاققىچە تۈزەشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىكەن، دەپ قاراشتى. بۇ يىل، مەن ماراكەش كېڭەش پالاتاسى، ئاۋام پالاتاسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندا ھەم جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن مىسىر پارلامېنتىدىكىلەرنى كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندە، قارشى تەرەپ بىردەك شىنجاڭنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، بىزنىڭ بىر قاتار ئۇسۇللىرىمىزنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەپ، بىزنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزگە يۈكسەك باھا بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى ئۇسۇلىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم مۇشۇنداق ياخشى ئۇسۇل، ياخشى تەجرىبىلەرنىڭ ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھەقىقەت مۇقەررەر ھالدا سەپسەتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، ھەققانىيەت ھامان رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىرلىكتە، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرسىلا، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى جەزمەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

# شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى داغ تەگكۈزۈش، قارا چاپلاشقا بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە

(بېشى 1 - بەتتە)

زەھەرخەندىلىك بىلەن داغ تەگكۈزدى. بۇ خىل رەزىل قىلمىش «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق قىلمىشى ۋە ھەددى - ھېسابسىز جىنايى قىلمىشىغا كۆز يۇمغانلىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىگە كۆز يۇمغانلىق، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇۋاتقانلىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىدەك پاكىتقا كۆز يۇمغانلىق بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەمنى يولغا قويۇشتەك ساختىلىقى ۋە ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، ئۇنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىدىغان، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسىدىغان زومىگەرلىك يامان غەرىزىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. بىز چوقۇم شۇنى ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ خىل رەزىل ھىيلە - نەيرەڭ پەقەت بىر مەيدان ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلىغان پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى دېگەنگە ئوخشاش كۈلكىلىك ئويۇن بولۇپ، جەزمەن جاھان كىشىلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ.

شىنجاڭلىقلار شۇنى چوڭقۇر چۈشەندىكى، بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇش تەستە قولغا كەلگەن. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. قانۇن بويىچە بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلغاندىن بۇيان، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمەي، ئەڭ زور چەكتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى ھەم يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى تېررورىزم، ئەسەبىزمگە زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى كۈچلۈك تەدبىر، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداشتىكى ئەمەلىي تەدبىر، يېڭىلىق يارىتىلغان تەدبىر، ھەققانىي تەدبىر. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، ئەڭ زور چەكتە پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىشىدىن ساقلاشنى كاپالەتلەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

«ئىت قاۋاۋېرەر، كارۋان يولىغا يۈرۈۋېرەر.» شىنجاڭنىڭ سىجىل گۈللىنىشى، مۇقىملىقى يامان غەرەز ۋە رەزىل قىلمىشقا بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بولۇپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش ئىرادىمىزدىن قەتئىي تەۋرەنمەسكەلا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش ئىرادىمىزدىن قەتئىي تەۋرەنمەسكەلا، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش ئىرادىمىزدىن قەتئىي تەۋرەنمەسكەلا، ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان گۈزەل ئەتىگە قاراپ مېڭىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

## جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

## 3 - يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارار

**(2019 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 - يىغىنىدا: جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىنى 2020 - يىلى 1 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىش قارار قىلىندى. تەكلىپ بويىچە يىغىننىڭ ئاساسلىق قارالمىسى: جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى ئاڭلاش ھەمدە مۇزاكىرە قىلىش، باشقا ئالاقىدار دوكلاتلارنى مۇزاكىرە قىلىش.

## جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى

## ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرغان كادىرلار ئىسىملىكى

**(2019 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

يولداش چېن داۋچياڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى (كومىتېتتا تۇرمايدۇ)؛

يولداش يۈ جۇڭچۈن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش جاڭ ۋېيخۇا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش ئەنۋەر ئايمەت ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش دولقۇن ئابدۇرېھىم ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش روشەنگۈل قاسىم ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

## جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋاڭ جۈن

## قاتارلىقلارنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدىكى قارارى

**(2019 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ بەيشاڭ مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى ۋاڭ جۈن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى؛ سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ سابىق ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىرى مەخمۇت نىياز ۋەزىپە دائىرىسىدە قانۇنغا قاتتىق خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى ھەمدە تۇتۇپ تۇرۇش تەدبىرى قوللاندى. «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى نىزامنامىسى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىگە ئاساسەن:

ۋاڭ جۈننىڭ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش شۇنىڭدەك سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش ھەمدە ئۇنى سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىدا ئەنگە ئېلىپ بېكىتىش؛ مەخمۇت نىيازنىڭ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش قارار قىلىندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)